# شىنجاڭ گېزىتى

2021 ـ يىل 3 ـ ئاي
31
چارشەنبە
维吾尔文 3 月31日
25377 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　تىيانشان تورى: www.ts.cn


شى جىنپىڭ ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ھەقىقىي تۈردە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى قوغداپ، ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئۈنۈمدىن ياخشى پايدىلىنىپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ مەنىۋى كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ باتۇرانە كۈرەش قىلىشتەك شەرەپلىك تارىخى يۈكلەنگەن، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

«يېڭى دەۋردە ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»گە قاراپ چىقتى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، «يېڭى دەۋردە ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»گە قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئېنېرگىيە خام ئەشيا ماتېرىيال بازىسى، جابدۇق ياسىمچىلىقى ھەم يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر بازىسى ۋە ئۈنۈۋېرسال قاتناش ـ ترانسپورت تۈگۈنلىك ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئوتتۇرا قىسىم رايونلار شەرقتىن كەلگەننى غەربكە يەتكۈزۈپ، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بايلىقى مول، قاتنىشى تەرەققىي قىلغان، كەسىپ ئاساسى بىرقەدەر ياخشى، مەدەنىيەت ئاساسى چوڭقۇر، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# بۇ يىل شىنجاڭدا ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغىش كۆلىمىنىڭ 30 مىليون مودىن ئېشىشىدا ئۈمىد بار

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ مىن** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن مۇساپىلىك، ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغىش كۆلىمىنى يىگىدىن 1 مىليون 600 مىڭ مودىن ئارتۇق كۆپەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 88%كە يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات مەركىزىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ماشىنىلاشتۇرۇش شىنجاڭدىكى كېڭەيتىلگەن كۆلەمدە كېڭەيتىلگەن، قوللىنىلغان، 2020 ـ يىلى شىنجاڭدا پاختىنى ماشىنىدا يىغىش كۆلىمى 28 مىليون 176 مىڭ 100 موغا يەتكەن بولۇپ، بۇ يىل شىنجاڭدا ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغىش كۆلىمىنىڭ 30 مىليون مودىن ئېشىشىدا ئۈمىد بار ئىكەن.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن مۇساپىلىك، ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە، بۇ يىل شىنجاڭ ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق زىرائەتلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېخنىكا جابدۇقلار تىرىكى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەيدۇ. بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە چارۋا، باغ ـ ئورمان، خاس زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


ئوقۇش يېتەكچىسى

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

«بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى

2 ـ بەتتە


100 يىللىق كۈرەش يولى　يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش　تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيۈش

—— پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىدە لېكسىيە سۆزلىدى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش　ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش
ئەمەلىي ئىش قىلىش　يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **گې يوۋجۈن، شېن زۇشياۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىر **ياڭ خەيجۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسىدە لېكسىيە سۆزلىدى ھەم كەنت (مەھەللە)، كارخانا، ئالىي مەكتەپ قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرى مەركىزىدە لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. دوكلات بېرىش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى پەرھات جالال باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، بولۇپمۇ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئاساسلىق مەزمۇنى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈردى. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكى ئېلان قىلىندى

جەمئىي 28 ئورۇندىكى يۆتكەشكە بولمايدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە 83 پارچە(يۈرۈش) يۆتكىگىلى بولىدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىيۇ مېڭمېڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ مۇزېي ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى باشقارمىسىدىن ئىگىلىشىچە، 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكى رەسمىي ئېلان قىلىنغان، جەمئىي 28 ئورۇندىكى يۆتكەشكە بولمايدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە 83 پارچە(يۈرۈش)يۆتكىگىلى بولىدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى جانلىق «ئەمەلىي دەرسلىك» بىلەن تەمىنلىگەن. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر سانجى ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ھويلا تېمى يوق، تەتىلى يوق بىر داشۆ بەرپا قىلىش

# «كىتابخۇمار سىياسىي كېڭەش» تېمىسىدىكى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى باشلاندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش «كىتابخۇمار سىياسىي كېڭەش» تېمىسىدىكى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ 2021 ـ يىللىق باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



### ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، زاكازغا كاپالەتلىك قىلىش

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئىشچىلار كۇچا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ خوۋلى توقۇمىچىلىق پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا يىپ ئېگىرمەكتە. بۇ شىركەت يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، يىپ ئېگىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، زاكاز ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

□ نىياز راخمان فوتوسى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# كېۋەزلىككە كىرىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش ھېساباتىنى ئىنچىكە قىلىش

بىرىنچى سەپتە شىنجاڭ پاختىسىنى تەكشۈرۈش ①

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **جاڭ جىلى، خېي خۇڭۋېي**

قۇملۇق ئارىسىدا ئۆركەشلەپ ئاققان تارىم دەرياسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، پاختا شۇ جايدىكى ئەڭ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىقتىسادىي زىرائەت.

باھار شامىلى يەنە تارىم دەرياسى قىرغاقلىرىنى كۆكەرتتى. بۇ بىرىنچى كۈندە، زامانىۋى كېۋەز تېرىش ماشىنىسى بىپايان تۇپراقتا كۆمۈش رەڭلىك لېنتىلارنى «توقۇپ» چىقىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندۇردى. ئەمدىلا يېپىلغان سولياۋ يوپۇققا قاراپ، كۇچا شەھىرىنىڭ ياقا بازىرى شۇنۇت كەنتىدىكى كېۋەز تېرىش چوڭ ئائىلىسى قۇربان توختىنىڭ بۇ يىللىق ھوسۇل ئېلىشقا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

قۇربان توختىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئۇنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ھېساباتىنى ناھايىتى ئېنىق قىلغانلىقىدىن كەلگەن، كېۋەز تېرىشتىن يىغىشقىچە بولغان يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ھەربىر ھالقىدا ئىلغار تېخنىكىنىڭ قوللىنىشى بار، ھەممىسىدە خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى، تەننەرخنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تەدبىرىنىڭ مەددىتى بار. مەيلى تېرىلغانلىرى بولسۇن، ياكى تېجەپ قالغانلىرى بولسۇن، ياكى تولۇقلىما بېرىلگەنلىرى بولسۇن، ھەممىسىدە مەنپەئەت بار.

**ھوسۇلغا قانداق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؟**

«ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە غەيرىتىمىز تولۇپ تاشىدۇ. ھازىر كېۋەز ئۇرۇقىنى تېرىساق، كۈزدە كۆپ كىرىم قىلالايمىز» دېدى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ياقا بازىرىنىڭ چاچقۇم كەنتى بۇيۇك ئىتتىپاقلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ئەزاسى رېيىم راخمان.

رېيىم راخمان بىلەن ھەمكارلىق كوپىراتىپىدىكى باشقا بىرنەچچە ئەزا ئۆزلىرى كېۋەز تېرىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە سېتىۋالغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ كېۋىزىنى تېرىپ، كېۋىزىنى پەرۋىش قىلىپ پۇل تاپتى. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# A پاي چېكى بازىرىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى ئۇدا نەچچە كۈن «قىزاردى»

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **كاڭ خاۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى A پاي چېكى بازىرىنىڭ ئۈچ چوڭ پاي كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممىسى ئۆرلىدى، شىنجاڭ بۆلىكى ئۆرلەشنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، تولۇق «قىزاردى». شۇ كۈنى بازار يېپىلغانغا قەدەر، شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 4.33%كە يەتتى، 47 يەككە پاي چېكى ئۆرلىدى، 17 پاي چېكى ئۆرلەپ توختىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بۆلىكى ئۇدا 5 ـ سودا كۈنى ئۆرلەش ۋەزىيىتىنى ساقلىدى.

شىنجاڭ بۆلىكى بىلەن ماس قەدەمدە، شىنجاڭ چېگىتلىك پاختىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان «پاختا شاھى» شىنسەي پاي چېكى (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)